# كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە بولىدىغان قەدىر كېچىسى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ: كىمكى قەدىر كېچىسىدە دۇئا، ناماز، قۇرئان تىلاۋىتى، زىكىر-تەسبىھ قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلسا، چىن دىلىدىن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كەلگەن خەۋەرلەرگە ئىشەنسە، ئەمەلدە رىيا قىلماستىن ۋە باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلماستىن پەقەت ئاللاھ تائالادىن ساۋاپ ئۈمىد قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4202